1977
ژىل
ماي
№9 (11)
باھاسى
2 تيىن

ياشىسۇن ئازاتلىق، دوستلۇق ۋەتىنى
— تەڭلىككە يول ئاچقان سوۋېت ئېلى!

بىزنىڭ ۋەتەن

چەت ئەللەردىكى ۋەتەنداشلار بىلەن
مەدەنىي ئالاقە باغلاش سوۋېت
«ۋەتەن» جەمىيىتى قازاق
شوبىسىنىڭ گېزىتى.

ھېزىم بەختىيازوۋ

باھار تەبەسسۇمى

جانلىنىپ كەلگەن باھار ئاۋازى،
يېشىللار بوگۈن ئارام ژۈرەككە.
كۆنگە ئىنتىلگەن خەلقىم پەرۋازى
ماي تەپەسسىنى يەتكۈزدى كوككە.
كۆرەشچان مايىنىڭ ئوتلۇق دەملىرى
بەنت قىلغان بۈگۈن ھەممە دىللارنى.
ئىشچان ئىنساننىڭ كەڭ قەدەملىرى
سايراتتى بۈگۈن بارچە تىللارنى.
چوغدەك ئاۋلانغان قىزىل بايراقلار،
دولقۇنى يامراپ باستى ئالەمنى.
تىنماي ياڭرىغان جانلىق قوشاقلار،
كومدى شاتلىققا ئەزىز ئادەمنى.
باھار تەبەسسۇم ئەيلىدى، كۈلدى.
يېقىملىق سەلكىن بولدى يولدىشى
ئولكەم كوكسەدە... ئۆتۈقلار گۈلى
نۇر چاچار بولغاچ قۇياش قولدىشى
دوستلۇق ئاۋازى كۈچەيدى تاگدا،
ماي نامايىشى قىزىدى ھامان.
تېچلىق كۈيلەندى ئۆرلۈك ئاھاڭدا،
بولغاچقا ئاتا تەشنا يەر جاھان.
باھار مەيرىمى، ئەمگەك مەيرىمى،
تاپتى كامالەت ۋەتەن قوينىدا.
باھار تەبەسسۇم ئەيلىدى، كۈلدى،
لالە رەڭ بايراق ئۈزۈپ ئويندا.

ئابدىكېرىم غەنىيېۋ

دالا ناخشىسى

ژىل ئەركىسى باھاردا
ناخشا ياڭراپ دالادا.
پەرۋاز قىلىپ تورغايلار،
سايراپ ژۈرەر ھاۋادا.
دېخان تۇرۇپ سەھەردە
ھۈل سالىدۇ زېمىنگە.
گۈللەر كانى دالادا،
نەپ بېرىدۇ ئەزەلگە.
بايلىق تولغان كەڭ دالا
ئادەملەرنىڭ بەختىدەك.
باراقسانلىق ساي- سالا
يېشىللىقنىڭ تەختىدەك.

بۇلبۇللار

ناخشا سويگەن ئەل سىلەرگە ئامراق،
باھار كۆيچىسى گۈزەل بۇلبۇللار.
ماكانىمىزدىن كەتمەڭلار ژىراق،
ئەينە ئېچىلدى باغلاردا گۈللەر.
بىزمۇ ھاياتتا گۈلشەن ئاشىغى،
ئۇزەڭلار كەبى سايراپ كېتىمىز.
ئېيتقاندا قۇشلار جۇشقۇن ناخشىنى،
شاتلىق ئىچىدە يايراپ كېتىمىز.
بىزنىڭ قەلبىمىز بار پەسلىدە ياز،
قەلبىمىز بېغى سىزگە دايىم يار.
كەتمەڭلار ژىراق،
ئەزىز بۇلبۇللار،
ھەممە پەسلىنى ئەيلەيلى باھار.

مۇقەددەس ئارزۇ

ن. [illegible] بازانوۋا،
تېچلىقنى ھېمايە قىلىش قازاقستان كومىتېتىنىڭ رەئىسى، قازاقستان س.س.ر پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ ئاكادېمىگى.

ھازىر دۇنيادىكى پۈتكۈل تەرەققىيپەرۋەر ئىنسانىيەت ئۈچۈن چوڭقۇر مەناغا، بۈيۈك ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان بىرلا ئارزۇ بار. ئۇ تېچلىق ئارزۇسىدۇر. ئۈچىنچى جاھان ئۇرۇشى خەۋپىنى تۈگىتىش، ئىنسانىيەتنى ھالاكەتتىن مەڭگۈ ئازات قىلىش، ھەر بىر مەملىكەتنىڭ، خەلقنىڭ، ئادەمنىڭ تېچلىقتا خاتىرجەم، بەختىيار ھايات كەچۈرۈشىنى تەمىن قىلىش، مۇستەھكەم تېچلىق ۋاستىلىرى بىلەن ئۇرۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىش — جاھان خەلقلىرىنىڭ بۈگۈنكى ئەڭ مۇھىم مەخستى ئەينە شۇنىڭدىن ئىبارەتتۇر.

سوۋېت دولىتى ئۆزى مەيدانغا كەلگەن دەسلەپكى كۈنلەردىن تارتىپ ئەينە شۇ مەخسەتكە ئېرىشىش يولىدا كۈرەش ئېلىپ بارماقتا. بۇنىڭدىن ئاتمىش ژىل مۇقەددەم ئوكتەبىر غالىبىيەت قازىنىشى بىلەنلا بىزنىڭ ئېلىمىز ئۇلۇق لېنىننىڭ يول- يورۇقلىرىغا بىنائەن ئالەمگە تېچلىق شارىنى تاشلىدى.

سوۋېت ھوكۈمىتى خەلقنىڭ بېشىغا چۈشكەن مىلسىز ئېغىرچىلىقلارنى يېنىكلىتىش ئۈچۈن بىرىنچى جاھان ئۇرۇشىغا خاتىمە بېرىشنى قەتئىي تەلەپ قىلدى. دۈشمەن تەرىپىدىن تەكلىپ قىلىنغان تەڭسىز سۈلھ شەرتىنى ئىمزالاشقا مەجبۇر بولدى.

بىراق قارا نىيەتلىك ئىچكى، تاشقى دۈشمەنلەر قولغا قۇرال ئېلىشقا مەجبۇر قىلدى. ئەمگەكچى خەلققە ئەركىنلىك، تەڭلىك ئېلىپ بەرگەن تارىختىكى تۇنجا سوتسىيالىستىك دولەتكە قارشى ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى، ئانگلىيە ۋە فرانسىيە جاھانگىرلىرى ئۈچ تەرەپتىن ھۇجۇمغا ئوتتى. چار روسسىيە قالدۇرۇپ كەتكەن ئېغىر جاراھەتلەر ياش سوۋېت جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئەھۋالىنى تېخىمۇ قىيىنلاشتۇرىۋەتكەن ئېدى. شۇنداق بىر پەيتتە ئېلىمىزدە گراژدانلار ئۇرۇشى باشلىنىپ كەتتى. بىراق سوتسىيالىزم تەنتەنىسى ئۈچۈن كۈرەشكە ئاتلانغان خەلق ئامىسىنىڭ پولاتتەك بىرلىكى ئۇپەيلى ھەممە توسالغۇلار تار- مار كەلتۈرۈلدى. لېكىن جاھاندا تېچلىق داۋاملىق بولمىدى.

پۈتكۈل ئالەمگە ئوز ھوكۈمرانلىغىنى تېڭىشقا ئۇرۇنغان خەلق ئارا جاھانگىرلىك ئىككىنچى جاھان ئۇرۇشىنى باشلىۋەتتى. بۇ قېتىم برىتانىيە ئارىلىدىن باشقا بارلىق غەربىي يېۋروپا ئەللىرىنى ئىشغال قىلغان فاشىستىك گېرمانىيە ئوزىنىڭ شۇم نىيىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا باشلىدى. ئەندى ئۇنىڭ يولىدا سوۋېت سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيەتلەر ئىتتىپاقى زور توسالغۇ بولۇپ قالغان ئېدى. سوتسىيالىستىك ۋەتەننى ھىمايە قىلىش يولىدىكى كۈرەش تورت ژىلغا سوزۇلدى. مىللىونلىغان ئادەم ھالاك بولدى. يۈزلىگەن شەھەر ۋە مىڭلىغان يېزىلار ئوت- يالقۇن ئىچىدە قالدى. ئاخىرى فاشىزم ئوزى قازغان گورگە ئوزى چۈشتى. يېۋروپىنىڭ قىياپىتى ئوزگەردى. بۇ قىتئەدە بىر قاتار سوتسىيالىستىك مەملىكەتلەر مەيدانغا كېلىپ، جاھان سوتسىيالىستىك سىستېمىسى پەيدا بولدى.

باھادىر سوۋېت خەلقى قان توكۈلۈشنى ئەسلا خالىمايدۇ. بۇنىڭغا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەدرىجىي تېچلىق سەياسىتى روشەن دەلىلدۇر. مەسىلەن، يېۋروپىدا خەۋپسىزلىق ۋە ھەمكارلىقنى ساقلاش خۇسۇسىدىكى خۇلاسە ئاكتىنىڭ 35 مەملىكەت تەرىپىدىن ئىمزالىنىپ،توغرا نەتىجىگە ئېرىشىشتە سوۋېت ئېلى ۋە باشقا سوتسىيالىستىك مەملىكەتلەرنىڭ چوڭ كۈچ چىقارغانلىغى پۈتكۈل ئالەمگە مەلۇم. مەزكۇر ئاكت ئىجتىمائىي تۈزۈملىرى ھەر خىل بولغان مەملىكەتلەر تېچلىقتا قاتار ياشالايدۇ، دېگەن لېنىنچە دانا قائىدىنىڭ تەنتەنىسىدۇر.

1973- ژىلى موسكۋادا ئوتكۈزۈلگەن تېچلىقپەرۋەر كۈچلەرنىڭ خەلق ئارا كېڭەشمىسى ئىنسانىيەتنىڭ مۇقەددەس ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇدىغان ئاساسىي يوللارنى ئېنىقلاپ بەردى. 1975- ژىلى ماي- ئىيۇن ئايلىرىدا ستوكگولمدا ئوتكۈزۈلگەن جاھان تېچلىق سوۋېتىنىڭ مەجلىسى، دۇنيادا بەس- بەسلىشىپ قۇراللىنىشنى توختىتىش ۋە ئومۇمىيۈزلۈك قۇرالسىزلىنىش يولىدىكى كۈرەشنى قانات يايدۇرۇش توغرىلىق تەشەببۇسىنى كوتەردى، ئۇ سەييارىمىزدىكى بارلىق پارلامېنتلار بىلەن ھوكۈمەتلەرنى، پارتىيەلەر بىلەن جامائەت تەشكىلاتلىرىنى، ئەرلەر بىلەن ئاياللارنى ئەينە شۇ تەشەببۇسقا ئەستايىدىل قاتنىششقاچاقىردى.

تېچلىق كۈچلىرىنىڭ ئىزگۈ مۇراجىتىگە قازاقستاننىڭ ئەمگەكچىلىرىمۇ ئاۋاز قوشتى. جۇمھۇرىيىتىمىزنىڭ بارلىق جايلىرىدا- كارخانىلاردا، ئوقۇش يۇرتلىرىدا ۋە مەھكىمىلەردە، ژىغىنلار ئوتكۈزۈلدى. ئۇلارغا جەمى 9 مىللىوندىن كوپرەك ئادەم قاتناشتى. قازاقستان ئەمگەكچىلىرى مەزكۇر مۇراجىئەتكە قىزغىن ئاۋاز قوشۇش بىلەن بىللە، جاھان تېچلىق فوندىغا خىراجەت توپلاشقا تەييار ئېكەنلىگىنى بىلدۈردى. مەسىلەن، ئالمۇتىدىكى پاختا رەختلىرى كومبىناتىنىڭ، شىمالىي قازاقستان ئوبلۇسىدىكى جامبۇل رايونىنىڭ،تېمىرتاۋ شەھىرىنىڭ،تورغاي بوكسىت ئىشلەپ چىقىرىش باشقارمىسىنىڭ ئىشچى- خىزمەتچىلىرى تېچلىق فوندىغا ئون مىڭلىغان سوم ئاقچا ئەۋەتتى.

ماي مەيرىمى دۇنيا ئەمگەكچىلىرىنىڭ ھەمدەملىك مەيرىمىدۇر. ئۇنى جاھاندىكى بارلىق ئەللەردە تەنتەنە بىلەن نىشانلايدۇ. بىرىنچى ماي ھارپىسىدا خەلق ئارا لېنىن مۇكاپىتى كومىتېتى بىر گۇرۇھ جاھان دولەت ئەربابلىرىغا «خەلقلەر ئوتتۇرىسىدا تېچلىقنى مۇستەھكەملىگەنلىگى ئۈچۈن» خەلق ئارا لېنىن مۇكاپىتىنى بەردى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ۋېنگرىيەدىن يانوش كادار، ئانگولا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ پرېزىدېنتى ئاگوستىنو نېتو، موزامبىك خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ پرېزىدېنتى سامورا ماشېل، چىلىدىن ئورتېنسىيە بوسسى دې ئالېندې، ئېرلاندىيەدىن شون ماكبرايد، فرانسىيەدىن پىيېر پۇييار، گرېتسىيەدىن يانىس رىتسوسلار بار. بۇ- تېچلىقپەرۋەر كىشىلەر ئۈچۈن چوڭ خوشاللىقتۇر. بۇ ھال ئالەمدە تېچلىق تەرەپدارلىرىنىڭ ھەرىكىتى بارغانسېرى كەڭىيىپ، يېڭى كۈچ، يېڭى قۇۋەتكە ئىگە بولۇۋاتقانلىغىنىڭ روشەن دەلىلدۇر.

ئالمۇتىدا 1-ماي نامايىشى.

«سادىر پالۋان» ئوپېراسى

خەلقىمىزنىڭ قەھرىمانلىق ئۆتمۈشى ئەدىبلەر ئۈچۈن پۈتمەس ئىلھام مەنبەسى بولۇپ، بۇ ناھايىتى مۇھىم ماۋزۇغا مۇراجەت قىلىشنى يازغۇچى، شائىرلار، سەنئەتكارلار ۋە رەسساملار ئۆزلىرىنىڭ شەرەپلىك ۋەزىپىسى دەپ بىلمەكتە.

ۋەتەننى ئىستىلاچىلاردىن قوغدىغۇچى، مىللىي مۇستەقىللىق ئۈچۈن، ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى ھەل قىلىش ۋە ئىنسانىي ئومۇمنى ھىمايە قىلىش يولىدا ماتانەتلىك كۆرەشكەن مەردانە خەلق پەرزەنتلىرى - سادىر، نوزۇگۇم، ئىپارخان، مايىمخان، لوتپۇللا ۋە رىزۋانگۈل ئوبرازلىرى ئىجادكارلارنى دائىم ھاياجانلاندۇرۇپ كەلمەكتە. ئەنە شۇ ماۋزۇغا بېغىشلانغان كۆپلىگەن داستانلار، رومانلار، تەسۋىرىي سەنئەت ۋە سەھنە ئەسەرلىرى مەيدانغا كەلدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا زىيا سەمەدىينىڭ «ئىپارخان» درامىسى، «مايىمخان» رومانى، ھ. ئابدۇللىننىڭ «لوتپۇللا» درامىسى، م. زۇلپىقاروۋنىڭ «لوتپۇللا» رومانى، ي. مۇخلىسوۋنىڭ «سادىر پالۋان» رومانى، رەسساملار شەمسىنىڭ ۋە ز. يۈسۈپوۋنىڭ ئىجادىنى تىلغا ئېلىش مۇمكىن.

قوزغىغۇچى ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى بىلەن سۇغۇرۇلغان ماۋزۇلار داڭلىق كومپوزىتور، پروفېسسور قۇددۇس غوجامىياروۋ ئىجادىدا ئالاھىدە ئورۇن ئىگىلەيدۇ. ئۇ، خەلقىمىزنىڭ قەھرىمان قىزلىرى نازۇگۇم ھەققىدە دەسلەپكى ئۇيغۇر ئوپېراسىنى ياراتتى. ئۇنىڭ جەسۇر رىزۋانگۈلگە بېغىشلانغان جوشقۇن سىمفونىيەلىك داستانى بىسسر دولەت مۇكاپاتىغا لايىق بولدى.

يېقىندا قازاقستان پايتەختىدە ئاباي نامىدىكى ئوپېرا ۋە باليت تېئاتىرىدا ق. غوجامىياروۋنىڭ «سادىر پالۋان» ناملىق يېڭى ئوپېرىسى قويۇل قىلىندى. ئەسەردە 1864- ژىلى شەرقىي تۈركستاندا مەردانە سەردار ۋە يارقىن شائىر سادىر رەھبەرلىگىدە باشلانغان مىللىي ئازاتلىق قوزغىلاڭلىرى بىلەن باغلىق بولغان ھەققىي ۋاقىئەلەر ئوپېرا سەنئىتىنىڭ ۋاستىلىرى ئارقىلىق ھەققانىي گەۋدىلەندۈرۈلگەن. داڭلىق سادىر پالۋاننىڭ ۋە ئۇنىڭ سادىق سەپداشلىرىنىڭ ئوبرازلىرىنى ئېچىپ كۆرسىتىشتە كومپوزىتور سادىر ئۆزى ئىجات قىلغان ناخشىلارنى ماھىرلىق بىلەن پايدىلانغان.

- يېڭى ئەسەرىمدە، - دەيدۇ كومپوزىتور ق. غوجامىياروۋ، - ئۇيغۇر خەلقى ئۆز ئازاتلىقى ئۈچۈن كۆرەشكەن بۈيۈك جاسارەتنى مەدھىلەش مېنىڭ ئاساسىي ئىجادىي مەخسىتىم بولدى. ئۇنىڭغا ئېرىشىشتە لىبرېتتو مۇئەللىپى، شائىر ماخمۇت ئابدۇراخمانوۋ ماڭا چوڭ ياردەم كۆرسەتتى.

قازاقستان كومپوزىتورلار ئىتتىپاقىنىڭ رەئىسى، تونۇلغان قازاق كومپوزىتورى ئېركېغالىي راخمادىيېۋ «سادىر پالۋان» ئوپېرىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ:

- بۇ ئەسەر ق. غوجامىياروۋنىڭ چوڭ ئىجادىي مۇۋەپپەقىيىتى بولۇپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۆتمۈشىدىكى بۈيۈك ۋەتەنپەرۋەرلىك كۆرەش ئۇنىڭ ھەققىي ئىپادىسىنى تاپقان. بۇ تەبىئىي. چۈنكى ئازاتلىق ماۋزۇسى، ئازاتلىق غايىلىرى ھەققىي ئەدىپنى ھاياجانلاندۇرماي قويمايدۇ.

س. ھاسانوۋ.

ۋەتەن ھەققىدە ھەقىقەت

بۇنىڭدىن 60 ژىل مۇقەددەم روسسىيە ئۈستىدە ئاتقان تاڭ چەت ئۆلكىلەرنىمۇ تەكشى يورۇتۇۋەتتى. شۇ تۈپەيلى قازاقستان دىيارىمۇ ئىشەشلىك قەد كۆتەردى.

ئەسىرلەر بويى زۇلمەت قوينىدا ئۆگلەپ ياتقان قالاق ئۆلكىدە گۈللەنگەن ھاياتنى بەرپا قىلىش ئاسانغا چۈشمىدى، ئەلۋەتتە. بۇ يولدا روسسىيەنىڭ ئۇلۇق لېنىن يېتەكچىلىك قىلغان ئەزىمەت پەرزەنتلىرى بىلەن بىللە قازاقلار ئارىسىدىن چىققان ئىدرەكلىك، ئاڭلىق ئوغلانلارمۇ جانپىدالىق بىلەن كۆرەش قىلدى.

ئەلىبىي توقجان ئوغلى جانكېلدىن خەلقنىڭ ئەنە شۇنداق مۇنەۋۋەر پەرزەنتلى-

قىيىن ھەم خوۋۇپلۇق ژۈرۈشكە رەھبەرلىك قىلىش ۋەزىپىسى ئەلىبىي جانكېلدىنگە ژۈكلەنگەن ئىدى.

ئوترەد تەركىۋىدە قازاق، رۇس، ئۆكرائىنلار بىلەن بىللە چەت ئەللىك قېرىنداشلاردىن نېمىسلار، ۋېنگرلار، چېخلار، پولىيەكلار ۋە سېربلارمۇ بار بولۇپ، جەمئىي ئىككى يۈزدەك تۇراقلىق ئەسكەردىن تەشكىل تاپتى. ئۇلار موسكۋادىن چىقىپ، پۈتكۈل سەپەر جەريانىدا ئۆز سەپلىرىنى تولۇقلاپ بېرىپ، يولدا ئۇچرىغان ياۋنى تارمار قىلىشقا قاتناشتى.

ماڭغىشلاقتا جانكېلدىنچىلارغا قازاق ئەمگەكچىلىرى ئالاھىدە ياردەم قىلدى. ئۇلارغا ئۈچ يۈزدەك تۆگە ۋە شۇنچىلىك ئات بەردى. يەر- سۇ شارائىتىنى ياخشى بىلىدىغان [illegible]رلىك ژىگىتلەر ئۆز ئىختىيارى بىلەن [illegible]دقا قوشۇلۇپ، ئۇنىڭ ئاي-دالادا يول تېپىشىغا ياردەملىشىپ، ئۇچرىغان

ئەلىبىي جانكېلدىن

دۈشمەنلەرنى تۈگىتىشكە ئالاھىدە كۈچ چىقاردى.

جانكېلدىن رەھبەرلىگىدىكى چوڭ كارۋان ئىككى ئايدا ئىككى مىڭ چاقىرىمدىن كۆپرەك چۆل- باياۋاننى بېسىپ ئۆتۈپ، ئورېنبۇرگ - تاشكېنت تۆمۈر يولى بويىدىكى شالقار ستانسىيەسىگە يېتىپ كەلدى. ئاقتوبە مەيدانى ۋە تۈركستان ھۆكۈمىتى ئۇنى خوشاللىق بىلەن كۈتۈۋالدى.

جانكېلدىن ئېكسپېدىتسىيەسىنىڭ ژۈرۈشى، گراژدانلار ئۇرۇشى تارىخىدىكى مۇھىم ۋاقىئە سۈپىتىدە ۋ.ئى. لېنىننىڭ، سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ قازاقستان ۋە ئوتتۇرا ئازىيە ئەمگەكچىلىرىگە كۆرسەتكەن چوڭ غەمخورلىقىنىڭ روشەن دەللى بولدى.

ئەل بېشىغا كۈن چۈشكەن ئېغىر پەيتتە ئىنتايىن مەسئۇلىيەتلىك ۋەزىپىنى دېگەندەك ئورۇنلاپ، قەھرىمانلىق ئىشلىرى بىلەن ئۆچمەس ئىز قالدۇرغان ئەلىبىي جانكېلدىننىڭ ھاياتى بۈگۈنكى ئەۋلاتلار ئۈچۈن بۈيۈك ئەمۇنىدۇر.

ئەلىبىي 1884- ژىلى ھازىرقى تورغاي ئوبلۇسىنىڭ جانكېلدىن رايونىدا دۇنياغا كەلدى. 1903- ژىلى قوستانايدىكى قازاق- رۇس بىلىم يۇرتىنى تۈگىتىپ، قازاندىكى مۇئەللىمەر سېمىنارىيەسىگە چۈشتى. كوپ ئۆتمەي 1905- ژىلى بىرىنچى رۇس ئىنقىلاۋىغا قاتناشقىنى ئۈچۈن ئوقۇشتىن چىقىرىلدى. موسكۋادىكى روھانىي ئاكادېمىيەگە چۈشۈپ، پادىشا ھەزرىتىگە نىسبەتەن ئىتائەتچانلىغى بولمىغانلىغى ئۈچۈن ئۇنىڭدىنمۇ ژىراقلاشتۇرۇلدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ ئادالەت يولىنى ئىزدەپ تېپىش ئۈچۈن 1910- 1912- ژىللىرى يېۋروپا، يېقىن شەرق، ئافرىكا ۋە ئازىيە ئەللىرىنى پىيادە كېزىپ، سەياھەت قىلىپ كەلدى. موشۇ سەپىرىدە 1911- ژىلى شۋېتسارىيەنىڭ ژېنېۋا شەھرىدە ۋ.ئى. لېنىن بىلەن ئۇچراشتى. 1913- ژىلى قازاق دىيارىغا قايتىپ كېلىپ، ئىنقىلاۋىي ئىشلار بىلەن شۇغۇللاندى. پادىشا ھۆكۈمىتىنىڭ تەقىبىگە ئۇچراپ قىرىمغا كېتىپ قالدى. كېيىن پېتروگرادقا يوتكەلدى. 1916- ژىلى تورغايغا كېلىپ، ئامانكېلدى ئىمانوۋ بىلەن بىللە خەلقىنىڭ مىللىي ئازاتلىق قوزغىلىڭىنى باشقۇردى. 1917- ژىلدىن تارتىپ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە، يەنى 1953- ژىلغىچە قازاقستاندا سەياسىي، ھەربىي ۋە دولەت خىزمەتلىرىدە بولدى.

بۈگۈن تورغاي ئوبلۇسىنىڭ بىر رايونى، قازاقستاننىڭ بىر قانچە كولخوز- سوۋخوزلىرى بىلەن ئوقۇش، مەدەنىيەت ئورۇنلىرى ئەلىبىي جانكېلدىننىڭ نامى بىلەن ئاتىلىدۇ.

ق. جازىباي ئوغلى.



ئالمۇتا شەھرىدە ئەلىبىي جانكېلدىن خاتىرىسىگە بېغىشلاپ ئورنىتىلغان ھەيكەل.

رىدىن ئىدى. «جانكېلدىن ئېكسپېدىتسىيەسى» دەپ ئاتىلىدىغان ئېكسپېدىتسىيەنىڭ قەھرىمانلىق ژۈرۈشى توغرىسىدىكى رىۋايەت ئەل ئارىسىدا كەڭ تارقالغان.

1918- ژىلى ئورېنبۇرگدا ئورۇنلىشىۋالغان ئاق گۋاردىيەچىلەر ئاقتوبە تەۋەسىدە سوۋېت ھاكىمىيىتى ئۈچۈن كۆرەشكۈچىلەرنىڭ مەركىزى روسسىيە بىلەن قاتناش يولىنى كېسىپ تاشلاپ، ئۇلارنى خوۋۇپلۇق ئەھۋالدا قالدۇردى. موشۇ پەيتتە ۋ.ئى. لېنىننىڭ بىۋاستە رەھبەرلىگى بىلەن تۈركستان جۇمھۇرىيىتىنى ھىمايە قىلىش مەخسىتىدە ئىنقىلاۋىي روسسىيەدىن كۆپلىگەن قورال- ياراق، ئاقچا، دورا-دەرمەك ئاجرىتىلدى. بۇلارنى ئاقتوبە مەيدانىغا ئادەتتىكى يول بىلەن يەتكۈزۈپ بېرىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بۇ ياردەمنى كېمە بىلەن ئېدىل دەرياسى ئارقىلىق ئاستراخان پورتىغا، ئاندىن كاسپىي دېڭىزى ئارقىلىق ماڭغىشلاققىچە يەتكۈزۈش كېرەك بولدى. ئۇنىڭ ئىرىسىغا كاسپىي ياقىسى، ئورال، ئاقتوبە دالالىرى ئارقىلىق كارۋان بىلەن ئۆتۈش بەلگۈلەندى. مانا شۇنداق ئىنتايىن

چەت ئەللىك ئەرباپلار ئوكتەبر ھەققىدە

بۇ ژىل بۈيۈك ئوكتەبر ئىنقىلاۋىنىڭ شانلىق 60 ژىللىغى ئوتكۈزۈلىدۇ. بىز سوۋېت ئىنقىلاۋىنىڭ داھىسى، بۈيۈك بەينەلمىلەلچى ۋلادىمىر ئىلىچ لېنىننى ئۇنىڭ زىرەكلىگى ئۈچۈن، ئەبەدىي ئۆچمەس دانالىغى ئۈچۈن ھۆرمەتلەيمىز. بىز سوۋېت خەلقىنى ئىنقىلاپ مەيرىمى بىلەن، ئۇنىڭ مۇۋاپپەقىيەتلىرى بىلەن تەبرىكلەپ، ئۇنىڭغا بەخت- سائادەت ۋە ماركسچە- لېنىنچە ئازاتلىق پرىنسىپلىرىغا، ئادالەتلىككە ۋە دۇنيادىكى بارلىق ئېزىلگەن خەلقلەرنى قوللاپ- قۇۋۋەتلەش پرىنسىپلىرىغا ئاساسلانغان سوتسىيالىزم قۇرۇلۇشىدا يەنىمۇ چوڭ ئۇتۇقلار تىلەيمىز.

ك. كاۋۇندا

زامبىيە پرېزىدېنتى.

مۇستەقىللىق قازانغاندىن كېيىن ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات زۆرۈرىيىتىدىن كېلىپ چىققان بۈيۈك مەخسەتلەرگە ئېرىشىش ئۈچۈن ماتانەتلىك كۆرەش يوللىرىدىن كېتىپ بارغان بىزنىڭ خەلقىمىز، ئۇلۇق ئوكتەبر ئىنقىلاۋىنىڭ كېيىنكى دەۋرىدە سوۋېت ئىتتىپاقى ئېرىشكەن ۋە ئۇنى جاھاندىكى يېتەكچى دولەت دەرىجىسىگە يۈكسەلدۈرگەن تەرەققىياتنى قايىل قىلىدىغانلىغىنى يوشۇرمايدۇ. سىلەرنىڭ بۈيۈك ئىنقىلاۋىڭلارنىڭ 60 ژىللىق مەيرەم ژىلىدا س س س ر

خەلقلىرىگە تۇنىس خەلقى ۋە ھۆكۈمىتى نامىدىن زور مەمنۇنىيەت بىلەن قىزغىن سالام ئاپىشۇرماقچىمەن.

ھېدى نۇئىرا،

تۇنىس جۇمھۇرىيىتىنىڭ باش مىنىسترى.

سوۋېت ئىنقىلاۋىي كىشىلىك جەمىيەتنى خېلە ئىلگىرى سۈردى ۋە ئۇچۇرۇپ بولماس يارقىن يالقۇن تۇتاشتۇردى. ئۇ، جاھان ئېرىشەلەيدىغان يېڭى مەدەنىيەتنىڭ ھۇلىنى قۇردى.

جاۋاھارلال نېھرو.

ھىندىستان.

لېنىن تەرىپىدىن يېزىلغانلار ئارخىۋ ئەمەس، بەلكى غەزىنىدۇر. جەڭ سائاتى كەلگەندە پولىمىوت لېنتىلىرىغا پاترونلارنى قانداق تىزساق، بىز ئۇنىڭ كىتاپلىرىنىڭ سەھىپلىرىنى تاق شۇنداق ۋاراخلايمىز.

ئايۋور مونتېگيۇ،

ئانگلىيە.

سوۋېت ئىتتىپاقى ھازىرقى زاماندىكى ئەڭ چوڭ ئىككى دولەتنىڭ بىرىسىدۇر. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇ- ئوكتەبر ئىنقىلاۋىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرگەن ئەلدۇر. 1917- ژىلى مەزكۇر ئىنقىلاپ جاھاندىكى ئېزىلگەن خەلقلەرگە يېڭى ئۈمۈتلەر بەخش قىلدى.

ژ. نېرېرې،

تانزانىيە پرېزىدېنتى.



سۈرەتتە: قازاقستان س س ر كۈلەش باي-سېيىتوۋا نامىدىكى دولەت مۇكاپىتىنىڭ لائۇرىياتى، كىنورېژىسيور ئاسىلبېك ئوغمانوۋ.

مۇزىكا مەيرىمى

جۇمھۇرىيەتتە قازاقستان كومپوزىتورلىرى زامانىۋى ئەسەرلىرىنىڭ ئۇلۇق ئوكتەبرنىڭ 60 ژىللىقىغا بېغىشلانغان ئىككىنچى فېستىۋالى ئوتۇۋاتىدۇ. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن قازاقستان كومپوزىتورلار ئىتتىپاقىنىڭ رەئىسى، جۇمھۇرىيەت خەلىق ئارتىسى ئېركېغالى راخمادىيېۋ «بىزنىڭ ۋەتەن» گېزىتىنىڭ مۇخبىرىغا توۋەندىكىلەرنى ئېيتىپ بەردى:

—بىزنىڭ دەسلەپكى مەيرىمىمىز ئوتكەن ژىلى ئوما پەيتىدە جۇمھۇرىيەتنىڭ تىڭ يەرلەر ئوزلەشتۇرۇلگەن سەككىز ئوبلۇسىدا مۇۋاپپەقىيەتلىك ئوتكەن ئىدى. بىز دېخانلار، خاشچىلار، مېتاللۇرگلار ۋە قۇرۇلۇشچىلار بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇنتۇلماس تەسىراتلار ئالغان ئىدۇق. مىللىارد پۇت ئاشلىق يېتىشتۇرگەن دېخانلار سەنئەتچىلەردىن چوڭ مىننەتدار بولدى. تىڭ يەرلەرنى ئوزلەشتۇرگۇچىلەرنىڭ پىداكارانە ئەمگىگى بىزنىڭ ئىجادىيىتىمىزغا ئىلھام بەخش ئەتتى.

بىيىلقى مەيرەم جۇمھۇرىيەتنىڭ جەنۇبىدا ئوتمەكتە. كومپوزىتورلار، ناخشىچىلار، كۈيچىلەر بۇ مەيرەمگە ژۇقۇرى مەسئۇلىيەت ھىسى بىلەن تەييارلاندى.

مۇزىكا مەيرىمىنىڭ پروگراممىسىغا كىرگۈزۈلمىگەن بولساق، قۇرمانغازى نامىدىكى خەلىق چالغۇ ئوركېستىرى، قازاقستان س س ر دولەت سىمفونىيە ئوركېستىرى، شۇنداقلا تېلېۋىزىيە ۋە رادىو ئېسترادا - سىمفونىيە ئوركېستىرى جامبۇل، چىمكەنت، قىزىل-ئوردا شەھەرلىرىدە ئوز ماھارەتلىرىنى نامايىش قىلىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن بىللە تاماشىبىنلار مەشھۇر ناخشىچى بىبىگۇل تولېگېنوۋا، جۇمھۇرىيەتنىڭ خىزمەت كورسەتكەن ئارتىستلىرى س. قۇرمانغالىيېۋا، م. مۇسابايېۋ، گ. رازىيېۋا ۋە باشقا سەنئەت ئۇستىلىرى بىلەن ئۇچرىشىدۇ.

جۇمھۇرىيەت سەنئەتچىلىرىنىڭ مۇزىكا مەيرىمى كۈنلىرىدە جامائەتچىلىك ئالدىدا كومپوزىتورلار ب. بايقادامو ۋنىڭ «ئالمۇتام»، «مېنىڭ پايتەختىم»، ب. جۇمانىيازوۋنىڭ «ئاتكىلار»، غ. ژۇبانوۋانىڭ «ئاخشا يازىمىز»، ق. قوجامىياروۋنىڭ «ۋەدە»، «مەن پەرۋانە»، ئى. راخادىيېۋنىڭ «ئانا ژۇت توغرۇلۇق ناخشا»، ل. خەمىدىيىنىڭ «ۋەتەن» ناملىق يېڭى ئەسەرلىرى ئورۇنلىنىدۇ.

يورۇق يۇلتۇز

ئالمۇتىدىكى چەت تىللار ئىنستىتۇتىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى، ئەدەبىياتچى، جەمىيەت ئەرباپى سايلاۋباي قايناربايېۋ قازاق دالاسىدا بۇرۇندىن نامى تارىلىپ كەتكەن، ئوز ۋاقتىدا يەتتىسۇنىڭ بۇلبۇلى دەپ ئاتالغان شائىرە سارا توغرىلىق ئوتكەن ژىلى كىتاپچە ئەشر قىلدۇردى.

مۇئەللىپ ئوزىنىڭ ژۇرنىلىدا سارا ھەققىدە ئارخىۋتىن، مەتبۇئاتتىن، خەلىق ئاغزىدىن توپلىغان مەلۇماتلارنى ژىققان.

كىتاپچىدا سارانىڭ بالىلىق چاغلىرى ۋە ئۇ توسكەن مۇھىت توغرىسىدا سوز ژۇرگۈزۈلىدۇ. شائىرە سارا 1878- ژىلى تۇغۇلغان. دادىسى ئاستىنىپ ئاقسۇ دەرياسى بويىدىكى نايمان رۇۋىنىڭ ئاستىمىر قەبىلىسىدىن چىققان. بۇ ئەۋەدە ياشىغان ئاتاقلىق قوبىزچىلار، ئاقىنلار مۇھىتى سارىغا ھەل قىلغۇچى تەسىر كورسەتمەسلىكى مۇمكىن ئەمەستى، ئەلۋەتتە.

بىز بۇ يەردە سارانىڭ بالىلىق چاغلىرىدا ژىتىم قېلىپ، خورلۇق كورگىنىگە، كونا ئورپى- ئادەت ئىسكەنجىسىدە ئوزىنىڭ تەڭتۇشى بىلەن قوشۇلالماي، ئارمىنىغا يېتەلمىگىنىگە توختالمايمىز.

دىققەتكە سازاۋەر نەرسە شۇكى، بىر- جانسال بىلەن سارانىڭ ئايتىسى توغرىسىدىكى بەزى بىر ئەدەبىياتشۇناسلارنىڭ ناتوغرا مۇلاھىزىلىرىگە سايلاۋباي قايناربايېۋ ئوز كىتاۋىدا رەددىيە بېرىدۇ. ئايتىس ئۇ چاغلاردا ھازىرقىدەك دەرھال مەتبۇئات سەھىپىسىدە ئېلان قىلىنماتتى، ياكى ماگنىتوفونغا يېزىپ ئېلىنماتتى. شۇنداقتىمۇ ئىزىنى يوقاتماسلىقتا ھەرىكەت قىلغان ئەدىپ ژۇسىپبېك شايقۇل ئىسلاموۋ دېگەن كىشى ئەسىمبېك ئاۋۇلغا كېلىپ، ئايتىسنى سارانىڭ ئوز ئاغزىدىن يېزىۋالغان. ئەينە شۇ نۇسخا

1898- ژىلى قازان شەھرىدە كىتاپچە بولۇپ نەشر قىلىندى.

سايلاۋباي ئاتاقلىق ئاكادېمىك- يازغۇچىلىرىمىزنىڭ ئەينە شۇ ئايتىس ھەققىدە ئېيتقان پىكىرلىرىدىن ئورۇنلۇق پايدىلانغان. مەسىلەن، مۇختەر ئەۋېزوۋ: «ھەقىقەتەن بىرجان- سارانىڭ ئايتىسى بولغان ۋاقىئە. بىراق دەسلەپكى ئېيتىلغان قېلىپىدا ساقلانمىغان. ئەمگەك راستىنلا سارانىڭكى. ئۇنى دەسلەپ يېزىپ ئالغان ئارىپ بولۇپ، شېرى گوزەللىك، ھەجىم جەھەتىدىن قارىغاندا بۇ ئايتىس قازاق ئېغىز سەنئىتىنىڭ چوڭ مىراسى بولسا كېرەك».

بۇ پىكىرنى ئوز ۋاقتىدا سەبىت مۇقانوۋ، قاژىم جۇمالىيېۋ، ئىلياس ئومارو ۋ كەبى ئالىم، ئەدەبىياتشۇناسلارمۇ ئېيتقان ئىدى.

شائىرە سارا ئېغىر زاماندا ھايات كەچۇردى. جۇڭغار ئالتىغىنىڭ غەربىدىكى كەڭ ئوزلەڭلىكنىڭ ئاسمىنىدا بىر يورۇق يۇلتۇز چاقناپ ياندىدە، ئوچۇپ قالدى. سارا 1916- ژىلى 38 يېشىدا ۋاپات بولدى. لېكىن ئۇ، مىڭ مىسرادىن كوپرەك ھەجىمدىكى شېرلاردىن ئىبارەت مىراس قالدۇرۇپ كەتتى. ئابايىنىڭ سوزى بىلەن ئېيتقاندا، بۇلارنىڭ ھەممىسى دېگىدەك «تىلغا يېنىك، ژۇرەككە ئىللىق تېگىدىغان» گوزەل، سېخىرلىق، لىرىكىلىق شېرلاردۇر. ئەڭ چوڭى «ئوزاق» ناملىق داستانى. سارانىڭ ئولگەندىن كېيىنكى ھەجىملىك ئەسىرى، يەنى «ژۇرەك» ناملىق شېرى خەلىق ئارىسىغا كەڭ تارالغان رىۋايەتكە ئاساسلانغان بولۇپ، ئۇ مۇنداق باشلىنىدۇ:

ژۇرەكتەك ئىللىق، ئارام سوز بارمېكىن،
ژۇرەكسىز تىرىكچىلىك بولارمېكىن.
ھەر قاچان ھايات كۈيى- ژۇرەك سىرى،
شۇ ژۇرەك ھەققىدە مەن كۈيلەيبۈگۈن.

ئوتمۇشتە ئېچىنىشلىق ھايات كەچۇرگەن خەلىق پەرزەنتلىرىنى ئىززەت- ئېھتىرام بىلەن ئەسلەيدىغان بۈگۈنكى ئەۋلات كوشكېنتال دېگەن ئاۋۇلدا ساراغا ھەيكەل ئورناتتى. «قاپال» ئاشلىق سوۋخوزىنىڭ بىر بولۇمى شائىرە سارانىڭ نامى بىلەن ئاتالدۇ. بۇ يەردىمۇ يەنە بىر ھەيكەل بار. مارفۇغا دېگەن ياش شائىرە ساراغا بېغىشلاپ داستانمۇ يازدى.

سارا ئۇچۇن قويۇلغان ئەڭ چوڭ ھەيكەل- «بىرجان-سارا» ئوپېرىسى. ئاكادېمىك يازغۇچى قاژىم جۇمالىيېۋنىڭ لىبرېتوسى بويىچە مەشھۇر قازاق سوۋېت كومپوزىتورى مۇقان تولېبايېۋ ئىجات قىلغان مەزكۇر ئوپېرا مۇزىكا سەنئىتىنىڭ تورىدىن ئورۇن ئالدى.

ئەجداتلار قالدۇرۇپ كەتكەن مىراسلارنى ئەۋلاتلار ئەينە شۇنداق قەدىرلىمەكتە.

ئومارغالى قۇدىشېۋ.

«قازاقستان» ماگازىنىدا

سۈرەتتە: ئاۋۇلدىن كەلگەن خېرىدار گۇلجاھان سايماسايېۋا (توۋەندە) سېتىقچى لەيلە دوسانوۋا.

قازاقستاننىڭ پايتەختى ئالمۇتا ژىلدىن-ژىلغا چوڭىيىپ، گوزەللىنىپ بارماقتا. ھەممە جايدا ئېگىز، ھەشەمەتلىك بىنالار قەد كوتىرىۋاتىدۇ. شەھەردىكى ئەڭ چىرايلىق، ئازادە كوچىلارنىڭ بىرى لېنىن نامىدىكى پروسپېكت بولۇپ، كېيىنكى ژىللاردا بۇ يەردە 9—10 قەۋەتلىك تۇرۇشلۇق ئويلەر كوپ سېلىندى.

شۇ ھەشەمەتلىك ئىمارەتلەرنىڭ بىرىسىدە «قازاقستان» دەپ ئاتىلىدىغان چوڭ ماگازىن جايلاشقان.

«بىزنىڭ ۋەتەن» گېزىتىنىڭ مۇخبىرى ئەبدىبېك ئورماغامبېتوۋ يېقىندا ماگازىنىنىڭ مۇدىرى مۇغالىما ئەبدىلدىنوۋا بىلەن سوھبەتلەشكەن ئىدى. توۋەندە شۇ سوھبەتنىڭ مەزمۇنىنى تەغدىم قىلدۇق:

سوئال: ماگازىندا قانداق بۇيۇملار سېتىلىدۇ؟ خېرىدارلار كىملەر؟

جاۋاپ: مەلۇمكى «قازاقستان» ماگازىنى 1971- ژىلى ئېچىلدى. بۇ يەردە ئاساسەن ئۇيغۇر، قازاق، ئوزبەكلەرنىڭ مىللىي كىيىم- كېچەكلىرى، ئوي جىھازلىرى بىلەن مۇلۇكلىرى پەتمۇس، قاچا- قومۇچ ۋە باشقا نەرسىلەر سېتىلىدۇ. بۇ بۇيۇملارنى شەھەر ئاھالىسى، شۇنداقلا شەھەر ئەتراپىدىكى ئۇيغۇر يېزىلىرى ۋە قازاق ئاۋۇللىرىدىن كەلگەنلەر كوپ ئالىدۇ. كەشتىلىك چاپانلار، كەمزەللەر، ئىپەك كوينەكلەر، گۇللۇك ۋە مارجان بېسىلغان دوپپىلار، تۇلكە، قۇندۇز تۇماقلار، خروم ئوتۇك، مەسە ۋە باشقا خىلمۇ خىل مىللىي كىيىملەرنى خېرىدارلار كىيىپ بېقىپ، ئوز خاھىشى ۋە دىتى بىلەن تاللاپ ئالالايدۇ.

ئوي جىھازلىرىغا كەلسەك، ئۇلار مۇخەلىقنىڭ تەلەپ، ئېھتىياجىغا ماسلاشتۇرۇلغان. بۇ يەردىن تېكىمەتلەرنىڭ، بېزەپ ياسالغان ساندۇقلارنىڭ ھەر خىلىنى تېپىش مۇمكىن. ماگازىننىڭ يەنە بىر بولۇمگە زەرگارلىق بۇيۇملىرى قويۇلغان. بۇ بولۇمنى غالىيە دېگەن ئايال باشقۇرىدۇ. ئۇ، سودا- سېتىق ئىشىنى ياخشى بىلىدۇ. ئۇلارغا مەسلىھەتلىرى بىلەن ياردەم بېرىدۇ. بۇ يەردە كۈمۈچ بىلەيزۈك، ئۈزۈك، ھالقا، زىرە سېتىلىدۇ. بۇنداق ئېسىل بۇيۇملارنى سېتىۋالغۇچىلار ئىنتايىن كوپ توي مەراسىملىرىنى ئوتكۈزىدىغانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدۇ.

سوئال: شۇنچە كوپ ئېسىل بۇيۇملار، كىيىم- كېچەكلەر، جىھازلار بىلەن سىلەرنى كىم تەمىنلەيدۇ؟

جاۋاپ: بۇلارنى قازاقستاننىڭ ۋە باشقا قېرىنداش جۇمھۇرىيەتلەردىكى مەخسۇس فابرىكا ۋە زاۋۇدلار ئەۋەتىدۇ. مەسىلەن، مالنى ئالمۇتىدىكى كىيىملەر ئويىدىن، گاگارىن نامىدىكى، «بىرىنچى ماي» تىكىنچىلىك بىرلەشمىسىدىن، «تۇسكىيىز» فابرىكىسىدىن ۋە باشقا كارخانىلاردىن ئالىمىز.

مۇخبىر: رەخمەت، قىزىقارلىق سوھبىتىڭىز ئۈچۈن، ئىشىڭلار ئىلگىرى بولسۇن!

ماگازىن مۇدىرى: ئېتىۋارىڭىز ئۈچۈن سىزگىمۇ رەخمەت. ئۇلۇق ئوكتەبر مەيرىمى يېقىنلاپ كەلمەكتە. جامائەتچىلىككە مەيرەملىك بۇيۇملارنى ساتىدىغان كۈنلەر ژىراق ئەمەس. مەيرەمنى ياخشى قارشى ئېلىپ، كوپنى دېگەندەك رازى قىلساق دېگەن نىيەتتىمىز.

كوك ئۈپۈقنى پەرەڭگە بوياپ، قۇياشنىڭ ئولتىرىشى بىلەن ئېتىز-ئېرىقتا ئىشلەۋاتقانلار ئويلىرىگە قايتىشتى. توپىلىق كەڭ يولدا ئانا ئوز ئوغلىنى ئەگەشتۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇلار ھارغان.

ئەركىنجان ئاستا كېلىۋاتاتتى. ئۇ ئانىنىڭ توختاپ، كۇتۇپ تۇرغىنىنى كورۇپ، ژۇگەرەپ كەلگەن بويىي:

—ئاپا، بايا ئاياللار بىر- بىرىنى نېمىشكە قۇچاقلاپ يىغلاشتى؟

ئانا نەپەسى قىسىلدى...

—ئۇنى سورىما. سەن ئويلايدىغان، ساڭا ئېيتىدىغان سوز ئەمەس،— دەپ ئايىمبۇۋى ئوغلىنىڭ سوئالىغا جاۋاپ بېرىشكە پېتىنالمىدى. ئانا ئوغلىغا «ئۇرۇش»، «قارا خەت»، «ئوندى» دېگەن دەھشەتلىك سوزلەرنى زادى ئېچىپ ئېيتمىدى.

—تونۇر ياسايلى، ئوغلۇم!— دېدى ئانا،— داداڭ كەلگەندە تونۇرغا نان يېقىپ يەيمىز.

ئۇلار تونۇر ياساشقا قىزغىن كىرىشتى...

—دادام كەلگىچە پۇتىرەمسەن، ئاپا؟

—پۇتىرىمەن...

ئارىلىقتا بىر ئاز ۋاقىت ئوتتى. بىر كۇنى ئانا چاچلىرىنى ئاق ئارىلىغان، خەت توشۇغۇچى جۇدەڭ ئايال بىلەن تونۇر قېشىدا ئۇزاق ئولتىرىپ مۇڭداشتى. ئۇ ئايال چىقىپ كېتىشىگىلا، ئايىمبۇۋى ئوغلىنى قۇچاقلاپ ياش توكتى.

ئەركىنجان ئاڭ- تاڭ.

—ئوغلۇم، داداڭ تونۇر نېنىنى ھېچ قاچان يېمەيدۇ،— ئانىنىڭ ئۇنلىرى تىترەپ كەتتى...

ئەركىنجان بۇ گەپلەرگە چۇشىنەلمىدى. پەقەت ئانىنىڭ مىسكىن ھالىتىگە تەلمۇرۇپ قاراپلا قالدى.

سوغ خەۋەر ئانىنىڭ روھىنى چۇشەردى... ژۇرەك- باغرى ئورتەندى. شۇنداق قىلىپ تونۇر پۇتمىگىنىچە پۇتمەي قالدى...

ئەركىن ئوگۇزگە چىقىپ ئۇزاق ئولتاردى. بۇ يەردىن خامان ئوچۇق كورۇنەتتى. ئەركىنجان خاماندىن ئاشلىق ئېلىپ ماڭغان ۋە خامانغا كېتىپ بارغان بوش ھارۋىلارنى ساناندى، يېنىپ- يېنىپ ساناندى...

زېرىككەن بولسا كېرەك، ئورنىدىن تۇردىدە، تامدىن سىيرىلىپ ھويلىغا چۇشتى. ئۇ پۇتمىگەن تونۇرغا قاراپ قويدى. «دادامنى ئەشۇ ھارۋىكەشلەر كورگەنمىكىن؟»— دەپ ئويلىدى ۋە ئىشىككە قۇلۇپ سېلىپ، ھارۋىكەشلەر كېلىدىغان يولغا ژۇگەردى...

ئەركىنجان ھارۋىكەشلەرنى كوپ كۇتمىدى. ئۇ ئولتارغان يەرگە بىر ھارۋۇ كېلىپ توختىدى. ئاتلار ناھايىتى ئورۇق ئىدى. ئۇلار قارا تەرگە چۇشۇپتۇ. ھارۋىغا توقسەن توققۇز يېرى يامالغان يوغان- يوغان قاپلار بېسىلغان. ھارۋۇ ھايدىغان جەڭچى ئېگىز ۋە جۇدەڭ ئىكەن. كۇندە كويگەن ئۇزلىرى سۇغا چىلاۋاتقاندەك، قاتتىق تەرلىگەن.

ئۇنىڭ ئالدىدا چاچلىرى پاخپايغان، يوغان كوزلۇك ئەركىنجان كۇلۇمسىرەپ تۇراتتى.

ئەخمەتجان ھاشىرۋۇ

خامان ئاشلىقتا تولغاندا

(ھېكايە)

يازغۇچى ئەخمەتجان ھاشىرۋۇ زاماندىۋىي ماۋزۇلارغا ئەسەرلەر يارىتىشتا دادىل قەلەم تەۋرىتىپ كەلمەكتە. ئۇنىڭ «كەچۇرمەس كوڭلۇم»، «ياشىغىنىم ياشىغان»، «سولماس گۇل» پوۋېستلىرىنى كىتاپخانلار سەممىي كۇتۇپ ئالدى. «ئولمەس بولۇپ تۇغۇلغانلار» درامىسى جۇمھۇرىيەتلىك ئۇيغۇر تېئاترىدا مۇۋاپپەقىيەتلىك كورسىتىلىپ كەلمەكتە. ئە. ھاشىرۋۇنىڭ يېڭى ھېكايىلىرىدىن تەغدىم قىلدۇق.

—سالام، ئوغلۇم!— دەپ جەڭچى يالغۇز قولىنى ئەركىنگە ئۇزاتتى.— ئەر، ئەرنى كورگەندە، بىر- بىرسىگە قول بېرىپ كورۇشىدۇ، جۇمۇ،— دەپ ئىللىق كۇلۇمسىرىدى ئۇ.

ئەركىنجانمۇ ئىنچىكە بارماقلىق قوللىرىنى ئۇنىڭغا سۇندى. شۇ زامان چىرايى تاتىرىپ، كىرپىكلىرى قېقىلماي، كوزى جەڭچىنىڭ مۇرىسىگە چۇشتى.

—سېنىڭ بىر قولۇڭ قېنى؟— دەپ سورىدى ۋە جەڭچىنى مەككەم قۇچاقلاپ، دىر- دىر تىترەپ كەتتى...

جەڭچى يېقىملىق بالىنىڭ شۇ خىل ئېچىنارلىق ھەرىكىتىدىن ئۇرۇشتا ژۇرگەن ئاتىسىنى قاتتىق سېغىنغانلىغىنى بىردىنلا سەزدى.

—داداڭدىن خەت كەلدىمۇ؟— دەپ سەۋىرلىك بىلەن سورىدى جەڭچى.

—بىلمەيمەن. ئاپام ماڭا: —«داداڭ تونۇر نېنىنى يېمەس بولدى»— دەپ يىغلىدى.

—شۇنداق دە، ئوغلۇم...

جەڭچى ئەركىنجاننىڭ ئاتىسىدىن ئايرىلغانلىغىنى بىلىپ، بالىنى بەك ئاياپ كەتتى. «داداڭ ئولدى» دەپ ئانىسىمۇ ئېيتماپتۇ. مەن نېمە دېسەم بولىدىكىن؟ ئاخىرى بالىنى ئۇمۇتلەندۇرۇش لازىم...» دەپ ئويلىدىدە:

—ئوغلۇم!— دەپ ئاستا ئېيتتى جەڭچى شۇ مەھەل دەرھال ئېسىگە كەلگەن ئويىنى،— خامان ئاشلىققا تولغاندا سېنىڭ داداڭ كېلىدۇ... ماڭا ئىشەن، ئىشەنمىسەڭ، خامانچى قاسىم بوۋايدىن سورا.

—راسما، ئاكا؟!— بالا خوشاللىغىدىن قاقاخلاپ كۇلدى. ئىشەندى.

ئايلىنىپ كېتەي ئومرۇڭدىن. ئادەمگە ئىشەنگەن پەيلىڭگە رازىمەن. يالغان ئېيتقانلىغىم ئۇچۇن، ئادەملەر مېنى كەچۇرۇڭلار. ئىلاجە يوق. مەن بۇ كىچىككىنە بالىنىڭ قانداقمۇ كوڭلىنى ئاغرىتارمەن، ئېيتىڭلار؟! ئۇرۇش تۇگەپ، خامان ئاشلىققا تولىدۇ. كوڭۇل خاتىرجەم بولۇپ، بۇ دەرتلەرمۇ ئۇنتۇلۇپ كېتەر،— دەپ ئويلىدى جەڭچى.

بىر كورۇپلا بىر- بىرىنى ياقتۇرۇپ قالغان ئەشۇ ئىككىسى ئارىسىدا ئازىراق سۇكۇنات ھوكۇم سۇردى.

—خوشلىشايلى، ئوغلۇم،— دېدى ھارۋۇكەش كۇنگە قاراپ.— خېلە ۋاقىت بوپتۇ. ئېلىۋاتورغا بارغىچە كەچ كىرىپ كېتىدۇ.

—مەيلى،— دېدى بالا مەيۇسلىنىپ.

—جەڭچى بالىنىڭ كەڭ ماڭلىيىغا سويدى، ئاندىن ئۇنىڭ پاخپايغان چىچىنى پۇرىدى.

ئەركىنجان ھەيرانلىقتا بېتونۇش ئاكىسىنىڭ كوزىگە قاراپ:

—مېنىڭمۇ دادام شۇنداق قىلاتتى. ئاكا،— دېدى.— ئالدى بىلەن ماڭلىيىمدىن سويىدىغان كېيىن چاچلىرىمنى پۇراتتى. سەن نەدىن بىلسەن؟ ئاپام ئىككى ئالقىنىمغا سويىدۇ.

—ھەممىنى بىلمەن، ئوغلۇم... ھەممىنى بىلمەن.

ئەركىنجان جەڭچىگە كۇتۇلمىگەن سىرىنى ئاچتى. دەل موشۇ دەقىقىدىن باشلاپ ئەركىنجاننىڭ قەلبىدە جەڭچىنى ئوز ئاتىسىدەك ياخشى كورۇپ قالغىنىنى ئۇ سەزمىگەن ئىدى...

«قانداق قىلىپ خامانغا بارسام بولىدىكىن؟»— دەپ ئېرىق بويىدا پۇتىنى سۇغا چىلاپ ئولتىراتتى ئەركىنجان. شۇ ئارىلىقتا قوللىرىدا خالتا ۋە مىشكاپلارنى تۇتۇپ، باشاق تېرىشكە ئوتۇپ كېتىپ بارغان باللارنى كورۇپ قالدى.

باللار ئەركىنجاننى باشلاپ ماڭدى. ئۇ ناھايىتى كوكۇللۇك، گەپ بىلەن ئېتىزغا قانداق يېتىپ بارغىنىنىمۇ بىلمەي قالدى. باشاق تېرىش باشلاندى... ئەركىنجان ئېگىز بويلۇق بالىنىڭ قېشىغا كېلىپ:

—بۇگۇن خامان ئاشلىققا تولامدۇ؟— دېدى كوزلىرىدە خوشاللىق ئۇچقۇنلىرى پاقىراپ. ئۇرۇشنىڭ نېمە ئىكەنلىگىنى، ئاشلىقنىڭ نەگە كېتىپ بارغىنىنى چۇشەنگەن ھېلىقى بالا:

—سەن چۇشەن، دادىلىرىمىز سوقۇشۇۋاتىدۇ. ئاشلىق ئۇرۇشنىكى...

—ئۇنۇگۇن ھارۋۇكەش ئاكام ماڭا خامان ئاشلىققا تولىدۇ دەپ ئېيتتىغۇ.— ئەركىنجان چۇشەندۇرمەكچى بولدى.

بۇ گەپنى باشقا باللارمۇ ئاڭلاپ كۇلۇشكەن ھالدا ھەممىسى ئەركىنجاننىڭ ئەتراپىغا يىغىلىپ:

—سەن ئۇنى تونامسەن؟— دېدى باللار چەت- چەتتىن چۇقۇرۇشۇپ،— ئۇ ئاكاڭ سېنى كىچىك دەپ ئالداپتۇ.

ئەركىنجان كوزىگە ياش ئالدى.

—مېنىڭ دادام يېقىندا كەلمەيدىغان ئوخشايدۇ.

باللارنىڭ ئىچى ئاغرىدى ۋە نېمە قىلارىنى بىلمەي، بىر- بىرىگە قاراشتى. ھېلىقى ئېگىز بويلۇق بالا:

—جۇرۇڭلار، خامانچى قاسىم بوۋايدىن سوراپ كورەيلۇق،— دېدى باللارغا قاراپ.

—راست، جەڭچى ئاكامۇ قاسىم بوۋايدىن سورا دېۋىدى،— قوشۇپ قويدى ئەركىنجان.

باللار خالتىلىرىنى كوتىرىپ، خامانغا كەلگەندە، خاماندا قاسىم بوۋايدىن باشقا ھېچ كىم يوق ئىكەن. بوۋاي كۇندە كويۇپ قارايغان، جۇدەڭ كىشى كورۇنىدۇ. خامانچى باللارغا ھەيران بولۇپ:

—ھە، گەپ قىلىڭلار،— دېدى ئۇ سۇپۇرگىگە تومۇر توڭگە ئوتكۇزۇۋېتىپ.

—بوۋا، سېنى خاماندا تۇغۇلغان دەيدۇ، راستمۇ؟— دەپ سورىدى ئېگىز بويلۇق بالا.

—مېنى بىلىدىغانلار شۇنداق دېيىشىدۇ. ئۇنىڭ سىلەرگە نېمە كېرىگى بار؟

—ماڭا كېرىگى يوق. مونۇ ئەركىنجانغا كېرەك ئىكەن. ئۇ بىزگە: «خامان ئاشلىققا تولىدۇ» دەيدۇ. لېكىن بىزنىڭ ھازىر ئىشەنگىمىز كەلمەيدۇ بۇ گەپكە...

—خامان ئاشلىققا تولغاندا دادام كېلىدۇ،— ئىشەشلىك ئېيتتى ئەركىنجان.

—داداڭمۇ؟

—بىر جەڭچى ماڭا: «خامان ئاشلىققا تولىدۇ. شۇ ۋاقىتتا داداڭ كېلىدۇ»— دەپ ئېيتقۋېدى، بوۋا.

بوۋاي ئويلىنىپ قالدى. ئۇنىڭ پۇتۇن قامىتى تىترىدى، بېشى ئايلىنىپ، كوزى قاراڭغۇلاشتى. خامانچى ئېسىنى يىغىپ ئەركىنجانغا قارىۋېدى، ئەركىننىڭ يوغان كوزلىرى نېمە دەيدىكىن دەپ تىكىلىپ قاپتۇ. قاسىم بوۋاي ھەممىنى چۇشەندى...

«مېنىڭمۇ سېنىڭ كوڭلۇڭنى ئاغرىتقىم كەلمەيدۇ»، دەپ ئويلىدىدە ئاندىن:

—جەڭچى ئاكاڭ دۇرۇس ئېيتىپتۇ. خامان ئاشلىققا تولىدۇ،— دېدى قاسىم بوۋاي ئوزىنى ئارانلا تۇتۇپ.— بۇرۇنمۇ تولغان. جەڭچى ئاكاڭنىڭ سوزىگە ئىشىنىۋەر، ئوغلۇم. داداڭ كېلىدۇ. كورسەن، داداڭ كېلىدۇ، ئوغلۇم. ئۇمۇتۇڭ ياخشى ئىكەن. باللار، سىلەر، ئەركىنجانغا ئىشىنىڭلار!

بوۋاي ئەركىنجاننىڭ بېشىنى سىلىدى.

باللار چەكسىز خوشاللىقتا خامانچى بوۋاينىڭ گېپىگە ئىشەنگەن ھالدا مەلىگە قايتىشتى...

ئەركىنجان ئادەتتىكىدەك، كۇندە دېگىدەك ئوگۇزگە چىقىپ، خامان تەرەپكە قارايدۇ. لېكىن كۇندىكىدەك خامانغا كېتىپ بارغان ۋە خاماندىن ئاشلىق ئېلىپ قايتقان ھارۋۇلار تىزمىسى ئۇزۇلمەيدۇ.

ھويلىدىكى تونۇرنى ئانا تېخىچە قولىغا ئالغىنى يوق...

ئېلىپبە مەشغۇلاتى
Елипбə Мəшғулати.

«ژىللارغا جاۋاپ»— ل. مۇتەللىپ ئەسەرى.
«Жилларға жавап»— Л. Мутəллип əсəри

جوشقۇنلۇق ساز جاراڭلايدۇ يېزىدا.
Жошқунлуқ саз жараңлайду йезида

زامانىمىز مەدھىلىدى رىزۋانگۇلنى.
Заманимиз мəдһилиди Ризвангүлни

سالام ساڭا، دەريا ئىلى!
Салам саңа, дəрия Или!

يېزىغا باھار كەلدى.
Йезиға баһар кəлди

ئىككىنچى مەشغۇلات
Иккинчи мəшғулат

ژىللار
Жиллар

جوشقۇن
Жошқун

زامان
Заман

ئىلى
Или

يېزا
Йеза

ژ
Ж ж

ج
Җ җ

ز
З з

ئى ى
И и

ئي ي
Й й

تەھرىر ھەيئىتى.

گېزىتنىڭ ئادرىسى 480091، ئالمۇتا شەھىرى، فۇرمانوۋ كوچىسى، 88. تېلېفونلار 82-60-62، 85-43-62. گېزىت-ژۇرنال نەشرىياتىدا نەشر قىلىندى. ئىندېكس 72877